السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ تويلۇق مېھرى قانچىلىك بولغان؟ دەپ سورالغاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ تويلۇق مېھرى 12.5 ئوقىيە بولغان دەيدۇ

ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇراھماندىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ تويلۇق مېھرى قانچىلىك بولغان؟ دەپ سورىسام، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ تويلۇق مېھرى 12،5ئۇقىيە بولغان، ئاشۇ بەش يۈز دىرھەمگە باراۋەر كېلىدۇ، مانا بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا بەرگەن تويلۇق مېھرى دەيدۇ

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ تېمىسى: تويلۇق مېھرىنى يەڭگىل قىلىشنىڭ ياخشى كۆرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا بولۇپ، بۇ شەرئەتتە يولغا قويۇلغان، تويلۇقنىڭ ئەڭ ياخشى ئاسان بولغىنى، ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تويلۇق مېھرى ئاسان بولغىنىدۇر، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا بەرگەن تويلۇق مېھرىمۇ ئاساسەن 12.5 ئۇقىيە ئەتراپىدا بولغان، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام، ئەمەل-ئىبادەت ۋە ئادەتلەردە بىزنىڭ ياخشى ئۈلگىمىزدۇر، بىر ئۇقۇيە قىرىق دىرھەم بولۇپ 12،5 ئۇقىيە بەش يۈز دىرھەم بولىدۇ، بۇ ھازىرقى دەۋردە كىشىلەرنىڭ تويلۇق مېھرىنى ھەددىدىن زىيادە ئۆرلىتىشۇەتكەنلىكىنىڭ ئەكسىدۇر. ئەر تەرەپ باي بولسۇن ياكى كەمبەغەل بولسۇن، مۇشۇ تويلۇق مېھرىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىشۇەتمەسلىك ئۈچۈن پەخىرلىنىپ بولسىمۇ قىزغا ياكى ئۇنىڭ ۋەلىلىرىغا كۆپلەپ مېھرى ھەققى بېرىدۇ، بۇ ئاقىۋەتتە كېچىكىپ توي قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58103

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee